# ﴿ئاچچىقلىنىشتىن ساقلىنىش ۋە كەڭ قورساقلىقنىڭ

# پەزىلىتى توغرىسىدا﴾

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇلمۇھسىن ئىبنى مۇھەممەد قاسىم

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿فضل الحلم وتحاشي الغضب﴾

«باللغة الأويغورية»

الشيخ عبد المحسن بن محمد القاسم

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 - 1432
IslamHouse.com

# ئاچچىقلىنىشتىن ساقلىنىش ۋە كەڭ قورساقلىقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

2011-يىلى 01-ئاينىڭ 28-كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

مەدىنە مۇنەۋۋەرە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئاللاھنى مەدھىيىلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللىغاندىن كېيىن جۈمە نامىزى ئۈچۈن توپلاشقان يۈزمىڭلىغان جامائەتكە: "ئىنسان مۇستەھكەم ئىمانى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى ئالى مەرتىۋىگە ئېرىشەلەيدۇ" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەخلاقىنى گۈزەللەشتۈرىدىكەن، مەن ئۇ كىشى ئۈچۈن ئەڭ ئالى جەننەتتىن بىر ئۆي بېرىلىشىگە كېپىللىك قىلىمەن.» [ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى].

مۇلايىملىق-كەڭ قورساقلىق ئەخلاقنىڭ ئاساسى، ئەقىلنىڭ كاملىلىقى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنىڭ دەلىلى بولۇپ، بۇ سۈپەت بىلەن ئىش-ئىزلىرى شانلىق، مەرتىۋىسى يۇقىرى، ئاقىۋىتى ياخشى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى باشقىلارنى رازى قىلىدىغان كىشىلەرلا سۈپەتلىنىدۇ. بۇ ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەردە بولىدىغان سۈپەت بولۇپ، بۇ سۈپەتلەر تېپىلغان كىشىنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلىش ۋە جەننەت بىلەن مۇكاپاتلاشنى ۋەدە قىلدى.

مۇلايىملىق-كەڭ قورساقلىق بىلەن سۈپەتلىنىشكە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى بەك لايىق. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى مۇلايىملىق-كەڭ قورساقلىق بىلەن ماختىدى.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆز مىللىتىدىن نۇرغۇن كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىش ۋە ئازار-كۈلپەتلەرگە ئۇچرىدى. ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھاغا مۇنداق دېگەن: «مەن سېنىڭ قەۋمىڭدىن نۇرغۇن ئازار-كۈلپەتكە ئۇچرىدىم».

تاغلارغا مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئەگەر خالىساڭ ساڭا ئازار يەتكۈزگەنلەرنى ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا يەنچىۋېتەي دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ياق، ئاللاھنىڭ ئۇلاردىن نەسلىدىن ھېچقانداق شېرىكى يوق يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ئەۋلادلارنى دۇنيا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىت قىلىمەن» دېگەن. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

ئەئرابىلاردىن بىرى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ چاپىنىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ گەردىنىگە ئىز چىقىپ كەتكىدەك قاتتىق تارتىپ: ئى مۇھەممەد! سېنىڭ يېنىڭدىكى ئاللاھنىڭ مېلىدىن ماڭا بىر ئۈلۈش بەرگىن دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قىلىقىغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭغا بىر ئۈلۈش مال بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلەرگىمۇ ناھايىتى مۇلايىم ئىدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن

پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىدا ئون يىل خىزمەت قىلدىم، بىرەر ئىش ئۈچۈن ماڭا پەقەت تاپا-تەنە قىلمايتتى.» [تىرمىزى رىۋايىتى].

پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ساهابىلاردىن مۆلايىم بولغانلارنى ئالاهىدە ماختىغان. رەسۇلۇللاھ ئەشەججە ئەبدۇل قەيس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇغا: «سىزدە مۆلايىملىق ۋە ئېغىر-بېسىقلىقتىن ئىبارەت ئاللاھ ياقتۇرىدىغان ئىككى خىسلەت بار» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاهۇئەنهۇ دەسلەپتە ئىمان ئېيتىش ۋە پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامغا كۆپ هەمراھ بولۇش بىلەن باشقىلاردىن ئىلگىرىلەپ كەتكەن، شۇنداقلا نۇرغۇن ئېسىل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن بۇنىڭغا ساهابىلەرنىڭ هەممىسى شاهىت بولغان.

هەقىقى باتۇرلۇق قەلبىنىڭ مۇستەهكەملىكى ۋە ئەقىلسىز-نادانلارنىڭ سۆز-هەرىكەتلىرىدىن تەۋرەنمەسلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، غەزەپلەنگەندە ئۆز نەپسىگە ئىگە بولالايدۇ ۋە نەپسىنى ئىسلاھ قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئەمما ئاچچىقلانغاندا ئاجىزلاشقان كىشى مەغلۇب بولىدۇ.

پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتىۋالغان كىشىنى ماختاپ: «باشقىلارنى يىقىتىۋەتكەن كۈچلۈك ئەمەس بەلكى ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتىۋالغان كىشى كۈچلۈكتۇر»دېگەن. [بىرلىككە كەلگەن هەدىس].

نادان-ئەقىلسىز، جاهىل كىشىلەرنىڭ قىلمىشىغا سۈكۈت قىلىش ئۇنىڭغا بېرىلگەن توغرا جاۋاپ ۋە دەرتلىك ئازابتۇر. باشقىلارنى ئەپۇ قىلغان كىشىنى ئاللاهۇ كەچۈرىدۇ، قېرىندىشىنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرگەن

كىشىنىڭ خاتالىقىنى ئاللاھ ئۆزى كەچۈرىدۇ، باشقىلاردىن ئورۇنسىز ئىنتىقام ئالغانلاردىن ئاللاھ ئۆزى ئىنتىقام ئالىدۇ.

ئاچچىقلىنىش-غەزەبلىنىش ئەخلاقنى، ياخشى ئەمەللەرنى بۇزىدۇ، ئەقىلنى، مۇرۇۋۋەتنى يوقىتىدۇ. ئاچچىقلانماسلىق-غەزەپلەنمەسلىك پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتكە قىلغان تەۋسىيەسىدۇر. بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ماڭا نەسىھەت قىلسىلا دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «ئاچچىقلانما-غەزەپلەنمە»دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. [بۇخارى رىۋايىتى].

غەزەپ بارلىق يامانلىقلارنىڭ باشلانمىسى. ئاچچىقلاندا ئەقىل تۇتۇلۇپ ھەقنى يوشۇرۇش ۋە باتىل سۆزنى قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغاندا: «ئى ئاللاھ! مەن غەزەپلەنگەن ۋە خوشال بولغان چاغلىرىمدا ھەق سۆز قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىشىڭنى سورايمەن» دەيتتى. [نەسائىي رىۋايىتى].

غەزەبلىنىش ئادىللىق قىلىشتىن چەكلەيدۇ، شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: « قازى-ھاكىم غەزەپلەنگەن ھالەتتە ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلمىسۇن» دېگەن. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

ئىنسان غەزەبلىنىش سەۋەبىدىن نۇرغۇن مال-مۈلكىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن.

ئىنسان غەزەپلەنگەن ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئاتا-ئانىسىنى قاقشىتىدۇ، سىلە-رەھىمنى ئۈزىدۇ، ئايال-بالىلىرىدىن ئايرىلىدۇ، رىزىق يولىنى ئۈزىدۇ، دوستلىرىدىن ئايرىلىدۇ، باشقىلارغا

تاجاۋۇز قىلىدۇ، چەكلەنگەن سۆزلەرنى ئېيتىدۇ، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىدۇ، بۆھتان قىلىدۇ، ئازار بېرىدۇ، كېيىن ئاچچىقى يانغاندا قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ ئەمما بۇ ۋاقىتتا پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان، شەيتاندىن مۇداپىئە قىلىدىغان بەزى سەۋەپلەرنى كۆرسەتتى. دۈشمەنلىك-غەزەپكە سەۋەپ بولىدىغان شەيتاندىن پاناھلىنىشقا بۇيرىدى.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ غەزەپتىن قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: «مەن بىر سۆزنى بىلىمەن، ئەگەر ئۇ بۇ سۆزنى ئېيتسا غەزىپى دەرھال بېسىلىدۇ، قوغلانغۇچى شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاللاھ بىلەن پاناھلىنىمەن». [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاچچىقى كەلگەن كىشىنى تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇپ: «ئاچچىقلىنىش شەيتاندىن، شەيتان ئوتتىن يارىتىلغان، ئوت سۇ بىلەن ئۆچۈرۈلىدۇ، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاچچىقلانغاندا دەرھال تاھارەت ئالسۇن» دېگەن. [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى].

ئىنسان ئاچچىقلانغاندا، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بولغان كەڭ قورساقلىقىنى ئەسلىشى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇشى كېرەك. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان قۇدرىتىدىن نەچچە ھەسسە كاتتىدۇر.

مۆمىن دائىم ئەپۇ قىلىشنىڭ ساۋابى ۋە كەچۈرۈم قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشىلىقىنى ھېس قىلىدۇ، دۇنيا ئىشلىرىغا ئاچچىقلىنىپ ئاتا-ئانا، ئائىلە ۋە ئۇرۇق-تۇغقان، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئاساسى مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىدىغان ھەرقانداق ئامىللاردىن ساقلىنىش ساغلام ئىماننىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم.

ئىنسان نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەي ئۇنىڭغا قارشى تۇرسا ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالسا بارلىق يامانلىقتىن ساقلىنىدۇ. بارلىق ئىشلاردا ھېكمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزنى مۇلايىملىق ۋە ئېغىر-بېسىقلىقتىن ئىبارەت ئاللاھ ياخشى كۆرگەن بۇ خۇسۇسىيەتنى يېيىلدۇرۇش ئارقىلىق رەببىمىزنىڭ رازىلىقىنى قازىنىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن!...ئامىن.....